3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

100 يىللىق كۈرەش يولى يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش

# تارىخنى بىلىپ پارتىيەنى سۆيىمىز ئەسلى مەقسەتنى ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەملەيمىز

## —— پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى بويىچە مەركەز لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى

پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش ئىدىيەنى ئۆزلەشتۈرۈش
ئەمەلىي ئىش قىلىش يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش

□ ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى

100 يىللىق مۇساپە قاينام-تاشقىنلىققا تولدى، 100 يىللىق ئەسلى مەقسەت ئۇزاق تارىخىي جەرياندا مۇستەھكەملەندى. 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى مەركەز لېكسىيە ئۆمىكى ئاپتونوم رايونىمىزغا كېلىپ لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. چوڭقۇر مەزمۇنلۇق لېكسىيە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇردى، كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: بۇ بىر قېتىملىق چوڭقۇر ئىدىيەۋى - سىياسىي دەرس، پارتىيەۋىلىك تەربىيەسى دەرسى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئوچۇق دەرسى بولدى، 100 يىللىق كۈرەشنىڭ شانلىق داستانىنى قايتا ئەسلەش ئارقىلىق كوممۇنىزم غايىسى تېخىمۇ چىڭىتىلدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەم ئەسلى مەقسەت ئارقىلىق كۈرەش قىلىش ئۇلۇغ كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، داۋاملىق يېڭى تارىخىي سەھىپە يېزىدۇ.

### كۈچكە ئېرىشىپ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيمىز

پارتىيەمىز ئەزەلدىن پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىگە ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيەنىڭ كۈرەش قىلىش مۇساپىسى ۋە ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئارقىلىق كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىپ، يۆنىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا، پارتىيەنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلى ئارقىلىق ئېتىقادنى چىڭىتىپ، كۈچنى مۇجەسسەملەشكە، پارتىيەنىڭ ئەمەلىي ئىجادىيىتى ۋە تارىخىي تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئەقىل-پاراسەتنى ئۇرغۇتۇپ، پەزىلەتنى تاۋلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى.

نەق مەيداندا لېكسىيە دوكلاتىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش- ترانسپورت نازارىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىر لى شۈدۇڭ چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدى. ئۇ مۇنداق دېدى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىر كىچىك كېمىدىن ھەيۋەتلىك غايەت چوڭ پاراخوتقا ئايلىنىپ، يۈتمەس - تۈگىمەس مەنىۋى خەزىنە ۋە يۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ - قۇۋۋەت مەنبەسىنى شەكىللەندۈردى، پەقەت ئۈزلۈكسىز ئۆگەنگەندىلا، ئاندىن ئەسلى مەقسەت، بۇرچ مۇستەھكەملىنىدۇ. بىز ھەقىقىي تۈردە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى جەريانىدا ئۇرغۇپ چىققان ئېتىقاد، ئىشەنچ، قىزغىنلىق، قايناق ھېسسىياتنى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشتىكى كونكرېت ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، قاتناش كۈچلۈك دۆلەتنى قۇرۇشتىكى غايەت زور ئېنېرگىيەنى مۇجەسسەملەپ، شىنجاڭنىڭ قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىمىز.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى چاڭ يۈشۈەن ۋىلايەت، ئوبلاستلىق شۆبە يىغىن مەيدانىدا دوكلاتنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: لېكسىيە دوكلاتى ئەترەپلىق، سىستېمىلىق، دەل جايىدا بولۇپ، بىزنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىدىكى «نېمە ئۈچۈن ئۆگىنىش، نېمىنى ئۆگىنىش، قانداق ئۆگىنىش، قانداق ئۈنۈمگە ئېرىشىش» توغرىسىدىكى تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىزغا ياردەم بەردى، بۇ، كىشىنى چوڭقۇر ئىلھاملاندۇرىدۇ. ھازىر، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ناھىيە، شەھەر، ئورۇنلار ۋە ھەر دەرىجىلىك «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترەتلىرى ئالاھىدىلىكى روشەن، شەكلى كۆپ خىل بولغان پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى سىجىل قانات يايدۇرۇۋاتىدۇ. بىز پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى خىزمەتلەردە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشىمىز.

شىنجاڭ قاتناش قۇرۇلۇشى مەبلەغ سېلىش پاي كونترول چەكلىك شىركىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى شېن جىنشىڭ مۇنداق بىلدۈردى: بىز پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىدىن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچكە ئېرىشىپ، يېڭى مۇساپىدە پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قۇرۇلۇشىنى سىجىل كۈچەيتىپ، دىققەتنى ئاساسىي مەسئۇلىيەت، ئاساسىي كەسىپكە مەركەزلەشتۈرۈپ، «قاتناش+ كەسىپ» «كاپىتال + كەسىپ» ئەندىزىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار ئىسلاھاتىنىڭ ئۈچ يىللىق ھەرىكەت لايىھەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئالدىنقى قاتاردىكى باشقۇرۇشنى ئۆستۈرۈش ھەرىكىتىدە ئۆلچەمگە توغرىلىنىشنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ يادرولۇق رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرىمىز.

قومۇل شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى شۈ جيې مۇنداق قارىدى: دوكلات يىغىنى ناھايىتى ۋاقتىدا ئېچىلدى، ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن شەكىل، ئۇسۇلدا يەنىمۇ يېڭىلىق يارىتىپ، قومۇلنىڭ پارتىيە تارىخى بايلىقلىرى، قىزىل بازىلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ئۈنۈمدارلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندۇرىمىز.

### بىر نىيەتتە خەلقنى كۆزلەپ، ئاساسىي مەقسەتنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىمىز

ھاكىمىيەت دېمەك خەلق دېمەكتۇر، خەلق دېمەك ھاكىمىيەت دېمەكتۇر. جان- دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش پارتىيەمىزنىڭ تۈپ مەقسىتى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى نېرۋا ئىچكى كېسەللەر بۆلۈمى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى لى خۇيېن مۇنداق دېدى: دوكلات يىغىنى بىزنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە بولغان تونۇشىمىزنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. پارتىيە ياچېيكىمىز ۋە بۆلۈمىمىزدىكى تېببىي خادىملار پارتىيەنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، خەلقچىل ھېسسىياتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ئاغرىقلارغا مۇلازىمەت قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىش نەتىجىلىرىنى ئاغرىقلار ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش، قىيىن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشتە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنى يۇقىرى سۈپەتلىك ساغلاملىق مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن قىلىدۇ.

سانجى دۆلەت يېزا ئىگىلىك يەن- تېخنىكا باغچە رايونى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جاڭ مىڭچېڭ مۇنداق دېدى: بىز پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى كۈچەپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىمىز. دۆلەت دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك يەن - تېخنىكا باغچە رايونى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز «يىپەك يولى يېزا ئىگىلىك يەن- تېخنىكا يېڭى رايونى. يېشىل يېزا ئىگىلىك كىرېمنىي جىلغىسى»نىڭ ئورۇن بەلگىلىنىشىنى چۆرىدەپ، مەۋقەنى سانجىغا قويۇپ، شىنجاڭغا مۇلازىمەت قىلىدىغان، غەربىي رايونغا يۈزلەنگەن، ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىياغا تەسىر كۆرسىتىدىغان خەلقئارالىق يېزا ئىگىلىك يېڭىلىق يارىتىش ئېگىزلىكى، كەسىپلەر ئېگىزلىكى، ئىختىساسلىقلار ئېگىزلىكىنى بەرپا قىلىپ، باغچە رايوننىڭ «14 - بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز.

ماۋ زېمىن ئەسلى تۇرالغۇسى خاتىرە سارىيىدا پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى مەركەز لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ھەمتۈرتكە لېكسىيەسىگە قاتناشقاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تيانشان رايونى شىمالىي ئازادلىق يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى گۇاڭچاڭ مەھەللىسىنىڭ كادىرى رېن يىرۇ غەيرەتكە تولۇپ تاشقان ھالدا مۇنداق دېدى: «مەھەللە خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، پارتىيە تارىخىنى ياخشى ئۆگىنىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى، ‹مەي تاغا دەرسخانىسى› قاتارلىق ئامما ياقتۇرىدىغان شەكىل ۋە ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، تور، تور سىرتى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ئاممىغا چوڭقۇر سىڭدۈرىمەن، كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ‹مەن ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىمەن› ناملىق ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى ياخشى ئىشلەيمەن».

### قىزىل گېننى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرىمىز

پارتىيەمىزنىڭ 100 يىلى ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى قەتئىي ئىرادە بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەن 100 يىل، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئۇل سېلىپ نەتىجە ياراتقان 100 يىل، شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىپ كەلگۈسىنى ئاچقان 100 يىل. پارتىيە تارىخىنى چوقۇم ياخشى ئۆگىنىپ، ياخشى يەكۈنلەپ، پارتىيەنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىگە ياخشى ۋارىسلىق قىلىپ، ياخشى ئەۋج ئالدۇرۇپ، قىزىل گېننى قانىغا سىڭدۈرۈپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىر، قەشقەر داشۆ پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى شۈ جىخېي مۇنداق دېدى: مەكتىپىمىز پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى مائارىپ سىستېمىسىغا ئومۇمىيۈزلۈك سىڭدۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى تارىخنى بىلىپ پارتىيەنى سۆيۈش، تارىخنى بىلىپ ۋەتەننى سۆيۈش، تارىخنى بىلىپ سوتسىيالىزمنى سۆيۈشكە تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتى، دۆلەتكە جاۋاب قايتۇرۇش ئىرادىسى، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ھەرىكىتىنى يەنىمۇ قوزغىتىپ، تىرىشىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ لاياقەتلىك قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىشەنچلىك ئىز باسارلىرىغا ئايلاندۇرىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى دۇەن لياڭ مۇنداق دېدى: بىز پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىشنى يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئۆگىنىش بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ 100 يىللىق شانلىق كۈرەش تارىخىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش داۋامىدا قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىپ، روھىمىزنى، كۈرەش ئىرادىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشىمىز.

«نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا، ناھىيەدە ‹جۇڭخۇا روھى. مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى بايراق› تېمىسىدا نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، مەن 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ ناھايىتى پەخىرلەندىم.» خوتەن ناھىيەسى بۇزاق يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 5 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى مەدىنەم روزىتوختى مۇنداق دېدى: «ئۆگىنىش ۋە پائالىيەتكە قاتنىشىش ئارقىلىق، مەن بىز تۇرۇۋاتقان گۈزەل دەۋرنىڭ تەستە قولغا كەلگەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم، ۋەتەننىڭ تەرەققىي قىلىپ قۇدرەت تېپىشىدا ئەۋلادمۇئەۋلاد ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتىم. مەن ياخشى ئۆگىنىپ، ئۆگەنگەن بىلىملىرىم ئارقىلىق ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇپ، گۈزەل ئەتىنى يارىتىمەن». **(مۇخبىر جاڭ يۈنپېي، قاتناشقان مۇخبىرلار لۇ فېڭباۋ، جاڭ جىلى، شى شىن، ۋېي يۈڭگۈي، سۇ لۈپىڭ، گې يوۋجۈن، جاڭ يەنفاڭ، جاۋ شيا، ۋاڭ شىگرۇي، پەرىزات ئابدۇل، ئىختىيارىي مۇخبىر ما جۈن)**

# ئاپتونوم رايونىمىز 2021-يىللىق قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش، كاپالەتلەندۈرۈش ئۆلچىمىنى ئۆستۈردى

ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لى لىن**، پىراكتىكانت **دىڭ خاۋكۈن**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، يېقىندا، ئاپتونوم رايونىمىز قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش، كاپالەتلەندۈرۈش ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈپ، شەھەر- يېزىلاردىكى قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى سەۋىيەسى بىلەن تەڭ قەدەمدە ئۆسۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغان.

شەھەر - يېزىلارنىڭ تۆۋەن كاپالەت ئۆلچىمىنىڭ ئېشىش نىسبىتى شەھەر - يېزا ئاھالىسىنىڭ ئىلكىدىكى كىشى بېشى كىرىمىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن تۆۋەن بولماسلىق پرىنسىپى بويىچە، 2021- يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەرنىڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئۆلچىمى 2020- يىلدىكى ئېيىغا 500 يۈەندىن تۆۋەن بولماسلىقتىن ئېيىغا 530 يۈەندىن تۆۋەن بولماسلىققا ئۆستۈرۈلدى، يېزىلارنىڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئۆلچىمى 2020- يىلدىكى يىلىغا 4100 يۈەندىن تۆۋەن بولماسلىقتىن يىلىغا 4350 يۈەندىن تۆۋەن بولماسلىققا ئۆستۈرۈلدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەرلەرنىڭ تۆۋەن كاپالەت ئوتتۇرىچە ياردەم پۇل سەۋىيەسى ئەسلىدىكى ئاساستا ھەربىر كىشىنىڭ ئېيىغا 25 يۈەن، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلارنىڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئوتتۇرىچە ياردەم پۇل سەۋىيەسى ئەسلىدىكى ئاساستا ھەربىر كىشىنىڭ ئېيىغا 20 يۈەن ئۆستۈرۈلدى. شەھەر - يېزىلاردىكى تۆۋەن كاپالەتتىن بەھرىمەن بولىدىغان «تۆت خىل كىشىلەر» ئىچىدىكى ياشانغانلار ۋە قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ياردەم پۇل سەۋىيەسى قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش ئوبيېكتلىرىنىڭ ئەمەلىي ياردەم پۇل سەۋىيەسى ئاساسىدا يەنە ئېيىغا 26 يۈەن كۆپەيتىلدى، شەھەر - يېزىلاردىكى تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان «تۆت خىل كىشىلەر» ئىچىدىكى ئېغىر مېيىپلەر ۋە ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئاغرىقلارنىڭ ياردەم پۇل سەۋىيەسى قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش ئوبيېكتلىرىنىڭ ئەمەلىي ياردەم پۇل سەۋىيەسى ئاساسىدا يەنە ئېيىغا 36 يۈەن كۆپەيتىلدى. دەرىجىگە ئايرىپ تارقىتىشنى يولغا قويغان ناھىيە، شەھەرلەر ئۆز جايىنىڭ دەرىجىگە ئايرىپ تارقىتىشقا ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ.

شەھەرلەردىكى ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ئۆلچىمى بىردەك 2020- يىلدىكى ئېيىغا 800 يۈەندىن تۆۋەن بولماسلىقتىن ئېيىغا 850 يۈەندىن تۆۋەن بولماسلىققا ئۆستۈرۈلدى؛ يېزىلاردىكى ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ئۆلچىمى 2020- يىلدىكى مەركەزلىك بېقىلۋاتقانلارنىڭ ئېيىغا 700 يۈەندىن تۆۋەن بولماسلىقتىن ئېيىغا 800 يۈەندىن تۆۋەن بولماسلىققا ئۆستۈرۈلدى، تارقاق بېقىلۋاتقانلارنىڭ ئېيىغا 500 يۈەندىن تۆۋەن بولماسلىقتىن ئېيىغا 550 يۈەندىن تۆۋەن بولماسلىققا ئۆستۈرۈلدى. تۇرمۇشتا پۈتۈنلەي ھاجىتىدىن چىقالمايدىغانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، پەرۋىش قىلىش ئۆلچىمى 2020 - يىلدىكى ئېيىغا 500 يۈەندىن تۆۋەن بولماسلىقتىن ئېيىغا 900 يۈەندىن تۆۋەن بولماسلىققا ئۆستۈرۈلدى. ئۆز ھاجىتىدىن چىقالايدىغان ۋە ھاجىتىدىن ئۆزى يېرىم چىقالايدىغانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، پەرۋىش قىلىش ئۆلچىمى 2020 - يىلدىكى ئېيىغا 100 يۈەندىن ۋە ئېيىغا 300 يۈەندىن تۆۋەن بولماسلىقتىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئېيىغا 150 يۈەن ۋە ئېيىغا 350 يۈەندىن تۆۋەن بولماسلىققا ئۆستۈرۈلدى. يېتىم بالىلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى ئۆلچىمى 2020 - يىلدىكى پاراۋانلىق ئاپپاراتلىرىدا بېقىلىۋاتقان يېتىم بالىلارنىڭ ئېيىغا 1100 يۈەندىن ئېيىغا 1250 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، جەمئىيەتتە تارقاق تۇرۇۋاتقان يېتىم بالىلارنىڭ ئېيىغا 900 يۈەندىن ئېيىغا 950 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى.

شەھەر - يېزىلارنىڭ يېڭى تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئۆلچىمى 2021- يىلى 1 - ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىندى.

(بېشى 1 - بەتتە)

خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇۋەققەت نازىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن بولۇپ، بىر قاتار ئەمەلىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىدىكى قىيىن ۋەزىيەتنى تېز ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە بەخت ياراتقان...»

چۈشەندۈرگۈچىنىڭ تەسىرلىك بايانلىرى كۆپچىلىكنى ئاشۇ قاينام - تاشقىنلىق يىللارغا باشلاپ باردى. «مەن كوممۇنىزملىق مەيدانىمدىن ۋاز كەچمەيمەن! مەن كوممۇنىستىك پارتىيەدىن ئايرىلمايمەن!» دۈشمەننىڭ دەھشەتلىك قىيىن - قىستاقلىرى ئاستىدا، ئىنقىلابىي قۇربان ماۋ زېمىن قىلچە تەۋرەنمىگەن، ئۇ قىممەتلىك ھاياتىنى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇغۋار ئازادلىق ئىشلىرىغا بېغىشلىغان بولۇپ، يۈكسەك ئىنقىلابىي روھى مەيداندىكىلەرنىڭ ئالىي ئېھتىرامىنى قوزغىدى.

«ئىنقىلابىي قۇربان ماۋ زېمىننىڭ شانلىق نامى تيانشان تېغى بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.» ئېكسكۇرسىيە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىنقىلابىي قۇربان ماۋ زېمىننىڭ مىس ھەيكىلى ئالدىدا، چۇ چېڭشەن ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار، ئاممىغا مۇنداق دېدى: «ئىنقىلابىي قۇربانلار يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ھاياتىنى قۇربان قىلىپ، قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق قالدۇردى، بۇ خىل روھنىڭ مەڭگۈ ۋاقتى ئۆتمەيدۇ، بۇ، بىزنى يېڭى دەۋردىكى يېڭى مۇساپىدە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان قۇدرەتلىك كۈچ. بىزنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتىكى مەقسىتىمىز 100 يىللىق پارتىيە تارىخىدىن تۈگىمەس مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئېلىش ئۈچۈندۇر».

كادىرلار، ئامما پۈتۈن زېھنى بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى، ئالقىش سادالىرى پات - پات ياڭرىدى. كۆپچىلىك يۈزتۇرا پىكىر ئالماشتۇرۇش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ بەس - بەستە سوئال سورىدى، نەق مەيدان كەيپىياتى قىزغىن بولدى.

«مەن مەھەللە خىزمەتچىسى، ئاساسىي قاتلامدا پارتىيە تارىخى توغرىسىدا مەخسۇس تېمىلىق لېكسىيەنى قانات يايدۇرغاندا، قايسى مەزمۇنلارنى نۇقتىلىق ياخشى سۆزلەپ، كۆپچىلىكنى خۇشاللىق بىلەن ئاڭلاش، ئاڭلاپ چۈشىنىش، ئەستە چىڭ ساقلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ؟» دېدى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تيانشان رايونى شىمالىي ئازادلىق يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ كادىرى ئالىيە داۋۇت تەقەززالىق بىلەن سوئال سوراپ.

«مەھەللىدە لېكسىيە سۆزلەش ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار، ئاممىغا يۈزلەنگەن، بىز پارتىيە تارىخىنىڭ قان تومۇرى، چوڭ تارىخىي ۋەقەلەر، شەخسلەرنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى شۇ جايدىكى قىزىل بايلىقتىن ياخشى پايدىلىنىپ لېكسىيە سۆزلىشىمىز كېرەك، ماۋ زېمىننىڭ ئەسلى تۇرالغۇسى ناھايىتى ياخشى قىزىل بايلىق.» چۇ چېڭشەن مۇنداق دېدى: «چوقۇم قىزىل بايلىقتىن ياخشى پايدىلىنىپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ھېكايىلىرى، قەھرىمان، نەمۇنىچى شەخسلەرنىڭ ھېكايىلىرىنى ياخشى سۆزلەپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئۇنىڭغا مۇجەسسەملەنگەن مەنىۋى كۈچنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشىمىز كېرەك».

«مەركەز لېكسىيە ئۆمىكى بىزگە بىر قېتىملىق پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى بويىچە جانلىق دەرس ئۆتتى، مېنىڭ نۇرغۇن گۇمانىي سوئاللىرىمغا جاۋاب بەردى، بۇنىڭدىن چوڭقۇر ئىلھام ئالدىم.» ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تيانشان رايونى شىمالىي ئازادلىق يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى ياشلار يولى مەھەللىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ما شۈ لېكسىيەنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق ھاياجانلاندى: «پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن پارتىيە تارىخىدىن ئوزۇق ئېلىپ، قىزىل بايلىقتىن ياخشى پايدىلىنىپ، قىزىل ھېكايىلەرنى ياخشى سۆزلەپ، مەن ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىمەن ناملىق ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى ياخشى قانات يايدۇرۇپ، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش جەريانىدا ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، كۆپچىلىكنى پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشقا يېتەكلەيمەن».

ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ياخشى تۇتۇپ، ئۇلارنى قىزىل گېن، ئىنقىلاب مەشئىلىگە ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلدۇرۇش كېرەك. ئارقىدىن، مەركەز لېكسىيە ئۆمىكىدىكىلەر شىنجاڭ سىفەن داشۆ (ۋېنچۈەن مەكتەپ رايونى) ماركسىزم شۆيۈەنىگە كېلىپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى بويىچە پىكىر ئالماشتۇرۇش، سۆھبەتلىشىشنى قانات يايدۇردى.

سۆھبەتتىن ئىلگىرى، مەركەز لېكسىيە ئۆمىكى ۋە ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى بىرلىكتە شىنجاڭ سىفەن داشۆنىڭ يېڭى دەۋر مەدەنىيلىكنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى بازىسى ھەم ماركسىزم نەزەرىيەسى تەربىيەسى بازىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، سۈرەت - يېزىق، يېڭى تېخنىكىنى ئالماشتۇرۇپ قوللىنىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق، ماركسىزمنى جۇڭگولاشتۇرۇشنىڭ شانلىق مۇساپىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 100 يىللىق شانلىق مۇساپىسى قاتارلىقلارنى ئەسلەپ ئۆتتى.

«ساۋاقداشلار، جۇڭگو ئىنقىلابى جېجياڭ جياشىڭ نەنخۇ كۆلىدىكى بىر قىزىل كېمىدە يېڭى سەھىپە ئاچقان، ھازىر بىز بىرلىكتە بۇ بىر بۆلەك پارتىيە تارىخىنى ئەسلەپ ئۆتەيلى». تەقلىدىي ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسى بويىچە ھېس قىلىش ئوقۇتۇش مەركىزىدە، ئوقۇغۇچىلار VR كۆزەينىكى تاقاپ، چۆكتۈرۈش شەكلىدىكى، ھەمتۈرتكە خاراكتېرىدىكى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش بويىچە بىۋاستە تەسىراتقا ئىگە بولۇپ، تارىخ يۆگمە رەسىمنى قايتىدىن جانلاندۇردى.

ئېكسكۇرسىيە ئارىلىقىدا، شىنجاڭ سىفەن داشۆ ماركسىزم شۆيۈەنى ماركسىزمنى جۇڭگولاشتۇرۇش تەتقىقات كەسپى بويىچە ئاسپىرانتلىقنىڭ 3 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى ئارما روسۇلجان چۇ چېڭشەنگە كۆڭلىدىكى ئوينى ئىپادىلەپ: «بۇ يىل پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى، شۇڭا مەن ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئىلمىي ماقالىسى يۆنىلىشىدە يېڭى دەۋردىكى پارتىيە ئىنتىزامى قۇرۇلۇشى تەتقىقاتىنى تاللىدىم، يەنە سىز تۈنجى مەيدان دوكلات يىغىنىدا تىلغا ئالغان باش شۇجى شى جىنپىڭ ئېيتقان ‹بار - يوقنى تەڭ كۆرۈش› دېگەن سۆزنى ئىلمىي ماقالەمگە كىرگۈزدۈم» دېدى. چۇ چېڭشەن كۈلۈپ تۇرۇپ باش لىڭشىتقان ھالدا جاۋاب قايتۇردى ھەم نەق مەيداندىكى ياشلارنى تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، غايە - ئېتىقادنى چىڭىتىپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ئىدىيەگە سىڭدۈرۈش، ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

كېيىنكى پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە سۆھبەتلىشىش جەريانىدا، شىنجاڭ سىفەن داشۆ ماركسىزم شۆيۈەنى ئىدىيەۋى - سىياسىي تەربىيە كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى پەرمان پەرھات مۇنداق سوئال سورىدى: «دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان زور ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى»نىڭ قانداق ئۆزگىرىش ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

«جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيەت ۋە دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان زور ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى بىزنىڭ خىزمەتلەرنى پىلانلاشتىكى ئاساسىي چىقىش نۇقتىمىز، يېڭى جۇڭگونىڭ 70 نەچچە يىللىق ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ 40 نەچچە يىللىق تەرەققىيات تارىخىنى ئەسلىسەك، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ سىجىل، تېز تەرەققىي قىلىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مۆجىزىنى ياراتتى». چۇ چېڭشەن چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: جۇڭگو دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا غايەت زور تۆھپە قوشتى، جۇڭگو دۇنياغا چوڭقۇر سىڭىپ كىردى، دۇنيا جۇڭگودىن ئايرىلالمايدۇ...

پىكىر ئالماشتۇرۇش، سۆھبەتلىشىشتىن كېيىن، چۇ چېڭشەن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا «شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىشكە دائىر سوئال - جاۋابلار» ئوقۇشلۇقىنى سوۋغا قىلىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى تارىخ ۋە مەسئۇلىيەت، بۇرچنى مەڭگۈ ئەستە ساقلاپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، تارىخنى ئۆگىنىپ داۋلىنى بىلىپ، تارىخنى ئۆگىنىپ ئىشەنچنى ئاشۇرۇپ، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەخلاقنى ئۇلۇغلاپ، تارىخنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، كىرىزىس ئىچىدە يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈرۈپ، ئۆزگىرىش داۋامىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى.

شىنجاڭ سىفەن داشۆ پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى، ماركسىزم شۆيۈەنىنىڭ مۇدىرى سۈن شيۇلى سۆھبەتكە قاتناشقاندىن كېيىن، يېڭى ئويغا كەلدى: «كېيىنكى قەدەمدە، بىز پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئوقۇتۇشى ئىسلاھاتىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى تارىخنى بىلىپ پارتىيەنى سۆيىدىغان، تارىخنى بىلىپ ۋەتەننى سۆيىدىغان قىلىپ، سوتسىيالىزمنىڭ لاياقەتلىك قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى تىرىشىپ يېتىشتۈرىمىز».